شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
12
سەيشەنبە
维吾尔文 5 月12日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25059 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگونىڭ ياردىمى «ئوخشاش بىر ئاسماننىڭ ئاستىدا ياشايدىغانلىقىمىز»غا گۇۋاھ بولدى

— قول تۇتۇشۇپ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىش

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىنى بىلەن «رەھمەت، سۆيىمەن سېنى جۇڭگو» دەپ يېزىلغانىدى؛ كۆزنەكتە ياش ئالغان ھالدا «جۇڭگولۇقلار، ھەقىقىي دوستىمىز» دەپ خۇرسەن بولدى؛ بالكوندا «پىدائىيلار مارشى» ياڭراپ، مەھەللىدىكى بارغانسېرى كۆپ كىشىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ ئورۇنلىشىدىكى ھەيۋەتلىك مۇزىكىنى شەكىللەندۈردى… يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ خەتەرلىك، قىيىن پەيتتىكى سەممىي ياردىمى چەت ئەل خەلقىنى چىن قەلبىدىن تەسىرلەندۈردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مەيدانغا كېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىغا ئىنكاس قايتۇرۇلدى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان قەتئىي ئېتقاد ئۇرغۇتۇلدى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

خەلقئارا سېسترالار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە

شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ سېسترالارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە سەممىي ھال سورىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى خەلقئارا سېسترالار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ سېسترالارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە سەممىي ھال سورىدى!

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، كەڭ سېسترالار ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، تولۇق قوراللىنىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، دۆلەت ئىچى - دۆلەت سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىگە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مۇھەببەتكە تولغان ئالىيجاناب روھنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سېسترالار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ۋە سانى تەڭ ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ تۈركۈم خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى تەشكىللىدى، 500گە يېقىن تېببىي خادىم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە سېسترالارنىڭ نىسبىتى 70%كە يېقىننى ئىگىلىدى.

مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ پەرۋىش ئىلمىي جەمئىيىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا نۆۋەتتە رويخەتكە ئېلىنغان سېسترالار ئومۇمىي سانى 127 مىڭ 690 كىشىگە يېتىپ، سان جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئېشىش بىلەن بىللە، سېسترالارنىڭ ئىقتىدار - سەۋىيەسى ۋە كەسپىي ساپاسىدىمۇ سۈپەت ھالقىشى بولغان.

شىنجاڭ پەرۋىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى پىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى:

(ئاخىرى 4- بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 مىليوندىن كۆپرەك دېھقان - چارۋىچى يېزا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن نەپكە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۈڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: كەنت بېشىدىكى 300 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كەنت ئاھالىلىرىنى سۇ بىلەن ئىزچىل تەمىنلەپ كېلىۋاتقان كۆل تاشلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەممە ئائىلىلەرگە تۇتاشقان سۇ تۇرۇبىسى ئاپتۇ، جۈمەكنى ئېچىشى بىلەن، سۈزۈك تۇرۇبا سۈيى شارقىراپ ئېقىپ چىقتى. بۇ، مۇخبىر 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسى يېسىيۇلغۇن كەنتىدە كۆرگەن كۆرۈنۈش. «يېزا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن 1332نى قۇرۇپ، 13 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنى نەپكە ئېرىشتۈردى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن.

ئىلگىرى كۆل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇنى ئاساسلىق ئالىدىغان ئورۇن ئىدى، ئىچى سۈرۈش ھەم باشقا سۇدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر كىشىلەرنى قىيناۋاتقان جاھىل كېسەل بولۇپ قالغانىدى، شۇنداقلا ئۇ ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغانىدى. يېزا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇلار تەدرىجىي تارىخقا ئايلاندى.

يېسىيۇلغۇن كەنتىدىكى كۆل بىلەن بىللە تاشلىۋېتىلگىنى كەنت ئاھالىسى ئابلىز مەتنىيازنىڭ ئۆيىدىكى سۇ ئەكىلىدىغان قاپقى بولۇپ، ھازىر بىر بۇلۇڭغا قويۇپ قويۇلغانىدى. «ئۇ چاغدا سۇنى توشۇپ ئەكىلەتتۇق.» 77 ياشلىق ئابلىز مۇنداق دېدى: «پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.» بۈگۈنكى كۈندە ئابلىز ھويلىدا ئولتۇرسا، يېنىدىلا تۇرۇبا سۈيىنىڭ جۈمەكى بار، جۈمەك بىرلا ئەمەس، ھويلا، ھاجەتخانا، ئاشخانىدىكى ئۈچ جۈمەك كېرىيە ناھىيەسى يېزىلىرىدىكى ھويلىلارنىڭ ئۆلچەملىك سەپلىمىسىگە ئايلاندى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تىرىشىپ ئەرزىيەت خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر قولدا ئەرزىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تۇتۇپ، ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى مەنبەدىن تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاشكارا ئەرزىيەت، مەسئۇلىيەتلىك ئەرزىيەت، قانۇنچىل ئەرزىيەت قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت ئومۇمىي سانى سىجىل تۆۋەنلىدى، ئەرزىيەت خىزمىتى ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئابلاجان يېپيېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۇي يۈنيەن، لى شىڭ

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىرلار ئۇنسۇ ناھىيەسى ئارال بازىرىدىكى ئابلاجان ئابلەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئازادە مېھمانخانىغا ئىككى رەت كۆركەم رەختساپا تىزىلغان، ئوتتۇرىغا ئىككى ساجى بىرلەشتۈرۈلۈپ قويۇلغان بولۇپ، ھەر خىل قۇرۇق مېۋە - چېۋە، پېچىنە - پىرەنىك تىزىلغانىدى. ھەربىر ئۆيگە تەشتەك گۈللىرى قويۇلغان بولۇپ، يېشىللىق تۈسى بېرەتتى، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدى.

«شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن پەرقلەنمەيدىغاندۇ.» ئابلاجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يېپيېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋاپتۇ.

بازاردىكى سودىسى ئەڭ ياخشى ئاپتوموبىل رېمونت دۇكىنى

ئابلاجان بازاردا بىر ئاپتوموبىل رېمونت دۇكىنى ئاچقان، دۇكان ئولتۇراق رايوننىڭ يېنىدىلا بولۇپ، ئىشىكى كوچىغا قارايتتى، ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ، ئىنتايىن ئاۋات ئىدى. «سىز كېلىشتىن ئىلگىرى، مەن ئون نەچچە خېرىدارنى كۈتۈۋالدىم.» ئابلاجان مۇنداق دېدى: دۇكىنىمنىڭ سودىسى يامان ئەمەس، ئالدىنقى كۈنىلا 10 مىڭ يۈەنلىكتىن كۆپرەك ئاپتول كىرگۈزدۈم.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

بىرىنچى سەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ⑤



ئوتتۇرا بوشقان كەنتى:

«0.9 مو» يەردىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، جوۋ پېڭ، ئارمان رازاق، يىن تۈكيۈەن، ۋاڭ جوۋ

لوپ ناھىيەسىنىڭ لوپ بازىرى ئوتتۇرا بوشقان كەنتى ناھىيە بازىرىغا ئاران 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 0.9 مو بولۇپ، ئىلگىرى ئىزچىل «نوقۇل» دېھقانچىلىق كەنتى ئىدى. كەنت ئاھالىلىرى ياڭاقلىقتا ھېچ يەرنى بوش قالدۇرماي بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىپ كۈنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزەتتى.

نامراتلىق، قانداق قىلىمىز؟ كەنت ئاھالىلىرىمۇ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى ئويلايتتى، ئەمما نېمىلا تېرىسا ئايىنمايتتى، نېمىلا باقسا ئاۋۇمايتتى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭلىمۇ ئاستا - ئاستا سوۋۇپ كەتتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەر سىجىل كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا بوشقان كەنتىدە بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، كەنت ئاھالىلىرى ئاياغ ئاستىدىكى بۇ تۇپراقنى قايتىدىن تونۇپ يەتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھى مىسلىسىز يۇقىرى بولدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش «ئۇرۇق»ى تېرىش تېخىمۇ كۆپ كۈچنى قوزغىتىش

بۇ يىل 30 ياشقا كىرگەن ئارزۇگۈل دۆلەتنىڭ بويى ئېگىز بولۇپ، كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى، باشقىلارنىڭ ئۆزى لايىھەلىگەن كىيىملەرنى كىيىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئارزۇگۈل كەنتتە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن تىجارىتى ياخشى بولماسلىقىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئارزۇگۈل دۆلەت(ئوڭدا) خىزمەتداشلىرى بىلەن يېڭىدىن لايىھەلىگەن كىيىم - كېچەك پاسونىنى مۇزاكىرە قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەيپەرى سىزغان

【ئاخبارات سىزمىسى】

سۇلۇق يەرنىڭ ئېكولوگىيەسى گۈزەل

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، توپ - توپ سۇ قۇشلىرى قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ ۋۇگوڭتەي بازىرى بەيچۈەن كۆلى سۇلۇق يېرىدە ئوزۇق ئىزدەپ ئويناپ، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قومۇشلار بىلەن ئېكولوگىيەلىك گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلدى. □ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى